ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

ھەيۋەتلىك زەپەر مارشى تارىخ بېتىگە مەڭگۈلۈك پۈتۈلگەن ئابىدە

—— جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى شۈەنلياڭ، مېي شىشيۇڭ، شۈ ياڭ، ۋاڭ چى**

ۋەتەندىن 70 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئايرىلغان قەھرىمانلار ئاخىر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى!

2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، كورېيە رېنچۈەن ئايروپورتىدىن ئۇچقان جۇڭگونىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى شېنياڭ تاۋشيەن خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندى، ئايروپىلاندا جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىدىكى 117 نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قالدۇق ئۇستىخىنى بار ئىدى.

بۇ، 7 ـ تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن كورېيەدىكى پىدائىي قىسىم ئىنقىلابىي قۇربانلىرىنىڭ قالدۇق ئۇستىخىنى ھېسابلىنىدۇ.

«قېرىنداشلار، سىلەر ئاخىر قايتىپ كەلدىڭلار!» پىدائىي قىسمىنىڭ 88 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىسى لى ۋېيبونىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، «ۋەتەن ۋە خەلق سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى!»

70 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ قەھرىمان قوماندان ـ جەڭچىلىرى تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتەك ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەردانە ھالدا غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن يالۇجياڭ دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى يىل توققۇز ئاي پىداكارلىق كۆرسىتىپ قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ، ھەققانىيەتنىڭ غەلىبىسى، بۇ، تىنچلىقنىڭ غەلىبىسى، بۇ، خەلقنىڭ غەلىبىسى!

ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ شانلىق نۇرى مەڭگۈ چاقنايدۇ —— چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار كەبى قەھرىمانلار تارىخ ئاسمىنىدا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسمى خەلقنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلىدۇ.

ئۇلۇغ غەلىبە بىزگە ئىلھام بېرىدۇ —— ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمىز، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمىز، يەڭگىلى بولمايدىغان دۈشمەننىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمىز.

ئۇلۇغ غەلىبە كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدۇ —— جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىش تارىخىي قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

ھەققانىيەت ئۇرۇشى

«جۇڭگو خەلقى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي يول قويمايدۇ، جاھانگىرلارنىڭ ئۆز قوشنىلىرىغا خالىغانچە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىغىمۇ پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇرمايدۇ»

چوڭ دەريانىڭ دولقۇنى كەڭ.

تۆت ئەگىملىك قالدۇق كۆۋرۈك كۆزدىكى يالۇجياڭ دەرياسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پارتلىتىپ ۋەيران قىلىنغان بۇ ئۈزۈك كۆۋرۈك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئەسلىمە كوردىناتىغا ئايلانغانىدى.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئالغان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى يالۇجياڭ دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتتى.

«ناخشا ساداسى يوق، گۈل يوق، ھەممە ئىش قاراڭغۇ كېچىدە ئېلىپ بېرىلدى.» پىدائىي قىسمىنىڭ 88 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىسى ۋۇ سۇڭلىن ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدە پەقەت يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت بىرلا ئوي بار ئىدى!»

1950 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، چاۋشيەن ئىچكى ئۇرۇشى پارتلىدى. ئامېرىكا ترۇمېن ھۆكۈمىتى ئۆكتەملىك بىلەن قوراللىق ئارىلاشتى، توپلانغان ئاتالمىش «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى» چاۋشيەنگە ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قوزغىدى. چاۋشيەن ئۇرۇشى تېزلىكتە ئىچكى ئۇرۇشتىن تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش خەلقئارالىق دائىرىلىك ئۇرۇشقا ئايلاندى.

ئامېرىكا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، 38 ـ پاراللېلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن چېگراسىدىكى يالۇجياڭ دەرياسى ۋە تۇمېنجياڭ دەرياسىغا قىستاپ كېلىپ، ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال چېگراسىدىكى شەھەر ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى بومباردىمان قىلىپ، ئۇرۇش ئوتىنى يېڭى قۇرۇلغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت زېمىنىغا تۇتاشتۇردى.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى جوۇ ئېنلەي ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو خەلقى چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي يول قويمايدۇ، جاھانگىرلارنىڭ ئۆز قوشنىلىرىغا خالىغانچە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىغىمۇ پەرۋاسىزلارچە قاراپ تۇرمايدۇ».

ۋاھالەنكى، ئامېرىكا ئورنىدىن دەس تۇرغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى زىيادە تۆۋەن مۆلچەرلەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلمىدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئالدى بىلەن جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسى 38 ـ پاراللېلدىن ھالقىپ ئۆتتى، 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئامېرىكا ئارمىيەسىمۇ 38 ـ پاراللېلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تېزلىكتە چاۋشيەن ـ جۇڭگو چېگراسىغا ئىلگىرىلەپ كىرىپ، پۈتكۈل چاۋشيەننى ئىشغال قىلىشقا تەييارلاندى.

خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى جۇڭگودىن ئەسكەر چىقىرىپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلىغان يېڭى جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت ئامېرىكىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ ـ قىلالمامدۇ؟ ئۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلىنالامدۇ ـ ئاتلىنالمامدۇ؟

جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگو ئۇرۇشقا قاتنىشىشى، جەزمەن ئۇرۇشقا قاتنىشىشى كېرەك.

بىر تارىخىي ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر مەيدانغا كەلدى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداش!

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 1951 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى ئۇدا بەش قېتىم زور كۆلەملىك جەڭ قوزغاپ، چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، جەڭ سېپىنى 38 ـ پاراللېل ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نى ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى.

1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى تەرەپ بىلەن كەيچېڭدا ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى بەزىدە سۆھبەت، بەزىدە جەڭ بولۇپ، بەزىدە ئۈزۈلۈپ، بەزىدە داۋاملىشىپ ئىككى يىلغا سوزۇلدى. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى چاۋشيەن خەلق ئارمىيەسى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

«ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشى تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ھەققانىيەت ئۇرۇشى.» ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك باش مۇتەخەسسىسى خې لېي مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ كۈچ مەنبەسىگە ئېرىشىشى ھەم ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشىنىڭ ھەققانىي بولغانلىقىدا.

دەل ھەققانىيەت ئۇرۇشى بولغاچقا، پىدائىي قىسىم قوماندان ـ جەڭچىلىرى قانچە كۈرەش قىلغانسېرى شۇنچە قەيسەرلىشىدىغان تولۇپ تاشقان كۈرەش ئىرادىسى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە بولدى، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك ئۇرۇش مۆجىزىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياراتتى.

دەل ھەققانىيەت ئۇرۇشى بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، «ئادەمى بارلار ئادەم چىقىرىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق چىقىرىپ» ئارمىيەگە قاتنىشىش، ئۇرۇشقا قاتنىشىش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغىدى.

دەل ھەققانىيەت ئۇرۇشى بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر جۇڭگو ـ چاۋشيەن خەلقىگە ھېسداشلىق قىلدى، مەدەت بەردى ۋە ياردەم بەردى، ئەڭ ئاخىرىدا ھەققانىيەت قوماندانى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جاھانگىرلىكنىڭ كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاسىيا شۇنداقلا دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدىدى.

غەلىبە ئۇرۇشى

«غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى پەقەت شەرقتىكى بىر دېڭىز قىرغىقىدا نەچچە زەمبىرەكنى تىكلەپلا، بىر دۆلەتنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالىدىغان دەۋرى كەلمەسكە كەتتى»

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پىدائىي قىسىم 40 ـ جۈننىڭ 18 ياشلىق جەڭچىسى لى شياڭيۇ چاۋشيەننىڭ ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىلىرىدا جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسىنىڭ ئاۋانگارت قىسمى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالدى.

شۇ كۈنى، پىدائىي قىسىم غەربىي سەپتىكى لياڭشۈيدۇڭ، يۈنشەن ۋە شەرقىي سەپتىكى خۇاڭساۋلىڭدا جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

«ۋېنجېڭ بىلەن لياڭشۈيدۇڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولدا، بىزنىڭ 40 ـ جۈننىڭ 118 ـ شىسى بېشىنى توسۇش، قۇيرۇقىنى ئۈزۈش، بېلىنى سۇندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر سائەتتىلا جەنۇبىي چاۋشيەن ئارمىيەسىنىڭ بىر يىڭىنى يوقاتتى» دېدى لى شياڭيۇ ئەسلەپ.

كېيىن 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىش خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. خەلق ئارمىيەسى غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىش يولىدا، يەنە بىر نۇرلۇق كوردىناتنى تىكلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «دۆلەت قۇرغۇچىلار شىسى» دەپ ئاتالغان ئامېرىكا ئارمىيەسى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ شىسى چاۋشيەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان يۈنشەن بازىرىغا توپلىشىپ، مۇشۇ جايدىن شىمالغا قاراپ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى.

تەكەببۇر ئامېرىكا ئارمىيەسى جۇڭگونىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. پىدائىي قىسىم 39 ـ جۈنى توپ زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھىمايىسىدە، يۈنشەنگە ھۇجۇم قىلدى. پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، رەقىبىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ كوزىر شىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قانلىرى مەۋج ئۇرۇپ، كۈرەش ئىرادىسى تېخىمۇ ئۇرغۇپ مۇنداق دېدى: «ئەدىپىنى بېرىدىغىنىمىز دەل مۇشۇ كوزىر شى!»

پىدائىي قىسىم ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن بولغان چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدىكى تۇنجى قېتىملىق كۈچ سىنىششىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئامېرىكا ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ شىسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، 8 ـ تۈەننىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى.

بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە، پىدائىي قىسىم 15 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نى چىڭچۈەنجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا چېكىندۈرۈپ، غەلىبە ئارقىلىق چاۋشيەن ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرۇپ، مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇردى.

ۋاھالەنكى، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئامېرىكا 7 ـ شىسى يالۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى خۈيشەن بازىرىغا ئىلگىرىلەپ كىردى. 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نىڭ باش سىلىڭى ماك ئاسۇر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يالۇجياڭ دەرياسى ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزىتىپ بىر ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئومۇمىي ھۇجۇمنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم: «مەن سۆزۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى، يەنى بالىلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ روژدېستۋا بايرىمى ئۆتكۈزەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ماك ئاسۇر بۇ ئېيتىپ ئىككىنچى كۈنى، پىدائىي قىسىم پۈتۈن سەپ بويىچە جەڭدە قايتۇرما زەربە بەردى.

سۇڭگۇفېڭ —— ئىلگىرى مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتقان جاي. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە، پىدائىي قىسىم 38 ـ جۈن 112 ـ شىسىنىڭ 335 ـ تۈەنى جەنۇبقا قاچقان ئامېرىكا ئارمىيەسىگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، يول بويى بۇ جايغا قىستاپ كەلدى. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ نەچچە ئون زەمبىرەكى ۋە ئوندىن ئارتۇق تانكىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوققا تۇتتى ھەم زور مىقداردا قاتۇرۇلغان بېنزىن بومبىسى تاشلىدى، جەڭ مەيدانى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى پۈتۈن بەدىنىنى ئوت يالقۇنى قاپلىغان ھالدا دۈشمەنگە ئېتىلىپ، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشتى.

ئېچىنىشلىق سۇڭگۇفېڭ جېڭى «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم» دېگەن ماقالىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر» پىدائىي قىسىم قوماندان ـ جەڭچىلىرىنىڭ شەرەپلىك نامىغا ئايلاندى.

«بىزنىڭ غەلىبىمىز ئېلىشىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن!» پىدائىي قىسمىنىڭ 91 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىسى چاڭ زۈڭشىن ئەينى ۋاقىتتا 27 ـ جۈن 79 ـ شى سىلىڭبۇسىنىڭ سەنمۇۋسى ئىدى، ئۇ چۈشىدە 70 يىل ئىلگىرىكى قان كېچىپ جان تىكىپ ئېلىشقان چاڭجىنخۇ جەڭ مەيدانىغا قانچە قېتىملاپ قايتىپ بارغىنىنى بىلمەيدۇ، «بەك سوغۇق، ھەقىقەتەن بەك سوغۇق ئىدى. نۇرغۇن سەپداشلىرىم توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى، مېنىڭ قولۇم، بۇرنۇممۇ توڭلاپ ئۇششۇپ قالغانىدى، ھازىرغىچە كېسەل ئاسارىتى بار».

بۇ قېتىمقى جەڭدە، چاڭ زۈڭشىن تۇرۇشلۇق 27 ـ جۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۇرۇش نەتىجىسىنى ياراتتى —— ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ «شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى تۈەنى»نى تەلتۆكۈس يوقاتتى.

پىدائىي قىسمىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا، ئامېرىكا ئارمىيەسى «قۇرۇقلۇق ئارمىيە تارىخىدىكى ئەڭ زور مەغلۇبىيەت»كە ئۇچراپ، 38 ـ پاراللېلنىڭ جەنۇبىغا پۈتۈن لىنىيە بويىچە چېكىندى.

1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان 2 ـ قېتىملىق جەڭدە، پىدائىي قىسىم «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نىڭ پۈتۈن چاۋشيەننى ئىشغال قىلىش غەرەزىنى بىتچىت قىلىپ، چاۋشيەننىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتتى.

1951 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پىدائىي قىسىم «بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى» بىلەن 38 ـ پاراللېلنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي رايونلىرىدا ئۇدا ئۈچ قېتىم جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا دائىرىلىرىنى چاۋشيەن ئۇرۇشى سىياسىتىنى تەڭشەشكە، ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتى ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى كۆزلەشكە مەجبۇرلىدى.

رەھىمسىز ئۇرۇش جەريانىدا، پىدائىي قىسىم ھەربىر ئىستىھكامنىڭ ھەممىسىدە دۈشمەن بىلەن تەكرار تالىشىش ئېلىپ باردى، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى كۆپلەپ ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى. تيەندېشەن، مالياڭشەن، جىنچېڭچۈەن... پىدائىي قىسمىنىڭ ھەربىر ئىستىھكامىنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئارمىيەسى ئەسكەرلىرىنىڭ قەبرىسىگە ئايلاندى.

جەڭ مەيدانىدا، ئامېرىكا ئارمىيەسى يادرو قورالدىن باشقا بارلىق يېڭى تىپتىكى قوراللارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق پايدا ئالالمىدى. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سائەت 10دا، چاۋشيەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بەنمېندىيەندە رەسمىي ئىمزالاندى.

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئارمىيەسى»نىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك باش سىلىڭى ماك كلاك كېيىن ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازدى: «مەن تارىختىكى غەلىبە قىلالمىغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان تۇنجى ئامېرىكا سىلىڭگۈەنى بولۇپ قالدىم...»

كلاك بۇنىڭدىن «ئۈمىدسىزلەندى ۋە ئازابلاندى»، ئۇنىڭ ئەكسىچە پېڭ دېخۇەي بولسا ئېپتىخارلانغان ھالدا مۇنداق جاكارلىدى: «غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى پەقەت شەرقتىكى بىر دېڭىز قىرغىقىدا نەچچە زەمبىرەكنى تىكلەپلا، بىر دۆلەتنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالىدىغان دەۋرى كەلمەسكە كەتتى».

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشى يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۇرۇشى، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلغان ئۇرۇش.

ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ يوۋمىڭ مۇنداق قارىدى: چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدا، ئارمىيەمىز ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ناچار تېخنىكىلىق جابدۇقلار ئارقىلىق ئەۋزەل تېخنىكىغا ئىگە كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىشتەك يېڭى جەڭ ئۇسۇلى ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ باتۇرانە، قەيسەرانە جەڭ قىلىش ئىستىلىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلالايدىغان زور بىر تۈركۈم ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرىنى تاۋلاپ چىقتى. ئۇرۇشنىڭ تاۋلىشى دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسى ۋە ھەربىي ئىشلار پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارمىيەمىزنىڭ يەككە ئارمىيە تۈرى ئارقىلىق جەڭ قىلىشتىن كۆپ خىل ئارمىيە ـ قىسىم تۈرى بىرلىشىپ جەڭ قىلىشقا ئۆزگىرىش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئىنقىلابىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇش يېڭى باسقۇچىغا كىرىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئوتى ئىس ـ تۈتەكلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بۈگۈنكى كۈندىكى خەلق ئارمىيەسى شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنى بويلاپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

مەنىۋى ئۇرۇش

«ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشىمىزدىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ»

لياۋنىڭ دەندۇڭ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە سارىيى.

بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قايتا ئېچىلغاندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساياھەتچىلەر ۋە كۆرۈرمەنلەر بەس ـ بەستە بۇ يەرگە كېلىپ، تارىخنى ئەسلىدى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئەتتى.

«ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى تىللاردا داستان بولغۇدەك زەپەر مارشلىرىنى ياڭرىتىپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلاپ چىقتى.» خاتىرە سارىيىنىڭ ساراي باشلىقى ليۇ جىڭيۈەن مۇنداق دېدى: «بۇ خىل روھ بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشىمىزدىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ!»

بۇ، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا ئورۇنغا قويۇلغان، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە تارىخىي داستان ——

«مەردانە ھالدا غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن يالۇجياڭ دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتىمىز. تىنچلىقنى قوغدايمىز، ۋەتەننى قوغدايمىز، يۇرت ـ ماكانىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز...» 70 يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ خىل يىمىرىلمەس مەنىۋى كۈچنىڭ ئىلھامىدا، پىدائىي قىسىم توپچى ئەسكەرلەر 1 ـ شىسى 27 ـ تۈەنى 3 ـ يىڭى 8 ـ لىيەننىڭ ئالاقىچىسى جاۋ يۈن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئىس ـ تۈتەككە تولغان چاۋشيەن جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى.

«بىز دۆلەت ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى بېغىشلايمىز، دۆلەتكە سادىق بولىمىز.» جاۋ يۈن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياش جۇمھۇرىيەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىيالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن.

«ۋەتەن بىزنىڭ ئارقىمىزدا، خەلق بىزنىڭ يېنىمىزدا.» ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت پىدائىي قىسمىدىكى قوماندان ـ جەڭچىلەرنىڭ مەنىۋى تىرىكى. پىدائىي قىسىم دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغان كۈنلەردە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش داغدۇغىلىق ھەرىكىتى قوزغالدى. ياش ئوقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئارمىيەگە قاتناشتى، زور تۈركۈمدىكى داۋالاش ئەترەتلىرى ۋە تۆمۈريول خىزمەتچى خادىملىرى، ئالدىنقى سەپكە ياردەمگە كەلگەن خەلق ئىشچىلىرى جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى، ھال سوراش خەتلىرى، ھال سوراش خالتىلىرى ئالدىنقى سەپكە كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتىلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوماندان ـ جەڭچىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايروپىلان، زەمبىرەك ئىئانە قىلىش داغدۇغىلىق ھەرىكىتىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتە قانات يايدۇرۇلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت بىر يىلدىلا ئىئانە قىلىنغان پۇلغا 3710 كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋالغىلى بولىدىكەن.

پىدائىي قىسىم ئۇچقۇچىسى خەن دېسەي ۋەتەن خەلقى ئىئانە قىلغان كۈرەشچى ئايروپىلاننى ھەيدەپ ئالدىنقى سەپكە بارغان. بىر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشىدا، ئۇ ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كوزىر ئۇچقۇچىسى فىشېرنى ئېتىپ چۈشۈرگەن. فىشېر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، چوقۇم ئۆزىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان.

فىشېر ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن خەن دېسەينى كۆرگەندە، تاقەت قىلالماي سورىغان: «مېنى ئېتىپ چۈشۈرگىنىڭ ئۈچۈن سەن قانچىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيسەن؟»

خەن دېسەي بارماقلىرىنى چىقىرىپ مۇنداق دېگەن: «500 مىليون!»

«500 مىليون دوللار؟»

«ياق! 500 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبى!»

بۇ، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى مارشى ——

15 ـ جۈننىڭ جەڭچىسى چيۇ شاۋيۈن ئۇرۇشتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقاندا، يېنىغا بەختكە قارشى دۈشمەننىڭ كۆيدۈرگۈچ بومبىسى چۈشتى. پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، ئۇ شىددەتلىك ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، تاكى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 26 ياشتا ئىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)